مەريەم ئىمىن

# شائىرچاق

يۇرۇشلۇك سەبىلەر كىتابلىرى

《小诗人》系列幼儿读物

## تەبىئەتنى سۆيىمەن

## 我爱大自然

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەريەم ئىمىن

# شائىرچاق

يۈرۈشلۈك سەبىيلەر كىتابلىرى

«小·诗人»系列幼儿读物

## تەبىئەتنى سۆيىمەن




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

# تەبئەتنى سۆيىمەن

ئوماق، ئوماق باللار،
بۇ كىتابقا قاراڭلار.
ئىزدەپ كەتتى سىلەرنى،
ۋاي! تەبئەت ئاناڭلار.

ئېيتىپ بېرەر ھېكايە،
شۇ تەبئەت ئاناڭلار.
ئەقىللىك بولىسىلەر،
كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار.

ئەي باللار كېلىڭلار،
تەبئەتنى تونۇڭلار.
تولۇپ كەتسۇن ئەقلىڭلار،
بەك باشلىقنى قويۇڭلار.



## ئەسسالام، سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلار!

ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ئاتا-ئانىلارغا، پەرۋىشكە موھتاج ئوماق كىچىك دوستلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە، قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئاسان ئەستە قالىدىغان، مەزمۇنى يىغىنچاق، سەبىي باللارغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان شېئىر-قوشاقتىن پايدىلىنىپ «شائىرچاق» نامىدىكى سەبىيلەر يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تەييارلىدىم. بۇ كىتابلار ئاتا-ئانىلارغا، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلارغا كىچىككىنە نەپ بېرەلىسە، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

«تەبئەتنى سۆيىمەن» ناملىق بۇ قىسىمدا باللار ئەتراپىدىكى بىر قىسىم مۇھىت بىلەن تونۇشىدۇ ھەمدە شېئىرلار ئارقىلىق تەبئەت ھەققىدە ئاددىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداقلا شۇلار نامىغا يېزىلغان ئاددىي شېئىرلارنى ئاتا-ئانىلار ھېسسىياتلىق ئوقۇپ بېرىشى بىلەن باللار تېخىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدۇ ۋە تەپەككۇر ئىگى ئېچىلىدۇ.









# مۇندەرىجە


ۋەتەن ئانىمىز ...................... 2
قىزىل بايراق ...................... 3
تەبىئەت ...................... 4
قۇملۇق بالىسى ...................... 6
ئانا دەريا ...................... 8
باھار كەلدى ...................... 10
ياز كېلىپتۇ چىرايلىق ...................... 12
كۈز پەسلى ...................... 14
قىش كېلىپتۇ ...................... 16
ئاسمان قانداقتۇ؟ ...................... 18
قۇياشقا سۆز ...................... 19
ھەيرانمەن ئايغا ...................... 20
نەگە قاچىسەن؟ ...................... 21
ئاپئاق قارلار ...................... 22
يامغۇر ياغدى ...................... 23
مەكتەپكە باراي ...................... 24
مەن يەسلىنىڭ بالىسى ...................... 26
نان بەك ئۇلۇغ ...................... 28
ئەتلەس كۆڭلەك ...................... 29
سومكام بار ...................... 30
مۇئەللىم ...................... 31
تىراكتورچى بولاي ...................... 32
ئۇچتۇك قانداق؟ ...................... 33
پويىز ...................... 34
ئەي پاراشوت ...................... 35
ئاپتوبۇسقا چىقىمەن ...................... 36
ھەيدەپ باقسام ...................... 37
گىلوبۇستىن ئىزدەيمەن ...................... 38
كومپيۇتېر ...................... 39
ماشىنا ئادەم ...................... 40
ئوكۇل ئۇرمىلىك ...................... 41
توپ ئوينايلى ...................... 42
سازەندە بولىمەن ...................... 44
نېمە دەيدۇ؟ ...................... 46






# ۋەتەن ئانىمىز

«ۋەتەن! ۋەتەن! ئۇلۇغ ۋەتەن!»
دەپ ناخشىلار ياڭراپ كەتتى.
«ۋەتەن! ۋەتەن! دېگەن كىم؟» دەپ،
سىڭلىم مەندىن سوراپ كەتتى.

ۋەتەن
祖国
zǔ guó
motherland



دېدىم: ۋەتەن ھەممىمىزنىڭ،
باغرى ئىللىق ئانىسىدۇر.
سىزدەك، مەندەك بەختلىكلەر،
ئۇنىڭ ئەركە بالىسىدۇر.

سىڭلىم دېدى: ۋەتەن دېگەن،
ئانامنىڭمۇ ئانىسىكەن.
داداممۇ شۇ، بوۋاممۇ شۇ،
ئوماق، ئوماق بالىسىكەن.




رادىيودا «ئەي، ئانا ۋەتەن» دېگەن ناخشىنى ئاڭلاتقاندى، سىڭلىم «ھەدە، ۋەتەن دېگەن كىم؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا مەسلىكىم كېلىپ: «ۋەتەن ھەممىمىزنىڭ ئىللىق ماكانى، ئۇلۇغ ئانىسى» دەپ جاۋاب بەردىم. سىزچە توغرا بوپتىمۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەبىئەت



تەبىئەتنى مۇيەسسەر،
شاكىلاتمىكىن دەپ قاپتۇ.
يېگۈسى كەپ دەرھاللا،
ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

«ئاپئاق قىزىم تەبىئەت،
بىزنىڭ گۈزەل ئۆيىمىز.
قوينى ئىللىق بولغاچقا،
تەبىئەتنى سۆيىمىز.





مىرزات تەبىئەت كىتابىم قىنى، دەپ ئىزدەۋاتاتتى، مۇيەسسەر: ئاكا ماڭىمۇ تەبىئەت بېرىڭە دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى. مىرزات: تەبىئەت دېگەن يەيدىغان نەرسە ئەمەس، دېۋىدى. مۇيەسسەر مەن تەبىئەت يەيتتىم دەپ يىغلاپ كەتتى. مىرزات مۇيەسسەرگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.



Scanned with CamScanner

## تەبىئەت
## 大自然
dà zì rán
## nature

تەبىئەتتە بىزلەر بار،
سىزدەك ئوماق دوستلار بار.
ھايۋانات ھەم ئۆسۈملۈك،
دەريا، كۆللەر، تاغلار بار.»

تەبىئەتنى مۇيەسسەر،
ياخشى كۆرۈپ قىلىپتۇ.
ئاپىسىنىڭ سۆزىدىن،
تەبىئەتنى بىلىپتۇ.



- تەبىئەتنى كىچىك دوستلارغا زادى قانداق چۈشەندۈرسەك بولار؟
- تەبىئەت دېگەن بىز ياشاۋاتقان ماكان، ئۇنىڭدا نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر بار. مەسىلەن.........



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇملۇق
沙漠
shā mò
sand

# قۇملۇق بالىسى

ئاشۇ بىر توپ بالىلار،
يۈگۈرەيدۇ قۇملۇقتا.
قىن-قىنىغا پېتىشماي،
ۋارقىرايدۇ قۇملۇقتا.

گىردە نانغا ئوخشاتتى،
پىژ-پىژ ئاپتاپ يۈزىنى.
ئەركىلىتىپ، سەكرىتىپ،
قۇم كۆيدۈردى پۇتىنى.



- قۇملۇق قانداق بولىدۇ؟
- سىز قۇملۇققا بارغانمۇ؟
- يۇرتۇڭلاردا قۇملۇق بارمۇ؟
- قۇمدا ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز، نېمىشقا؟



Scanned with CamScanner

ئۇلار قۇملۇق بالىسى،
قورقمايدۇ ئىسسىقتىن.
ئويناۋېرەر قۇملۇقتا،
زارلانمايدۇ قىزىقتىن.



- بالىلار قۇملۇقتا قانداق ئويناپتۇ؟
- ئۇلار نېمىشقا قۇمدا ئوينايدۇ؟
- قۇمغا يالىڭاياغ دەسسىيەلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريا
河
hé
river



# ئانا دەريا

يۇرتۇمدىكى دەريانىڭ،
ئېگىز-ئېگىز قاشلىرى.
سۇ ئاستىدىن كۆرۈنەر،
ئۈنچە-مارجان تاشلىرى.

ئۈزۈپ دەريا سۈيىنى،
بېلىقلارنى قوغلاشتۇق.
سۇدىن چىقىپ ئالدىراپ،
كالا-قويىنى سۇغاردۇق.



- سىلەرنىڭ يۇرتتا دەريا بارمۇ؟
- يۇرتىڭىزدىكى دەريانىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟
- ئاراڭلاردا دەريا كۆرۈپ باقمىغان دوستلىرىڭلار بارمۇ؟



Scanned with CamScanner



ئاڭلىنىدۇ يىراقتىن،
ئانا دەريا شاۋقۇنى.
بىز قوغدايمىز، ئاسرايمىز،
بۇلغىمايمىز سۇيىنى.

سۇ

水
shuǐ

water

- دەرياغا نەرسە تاشلىسا بولامدۇ، نېمە ئۈچۈن؟
- دەريادا نېمىلەر ياشايدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باھار
春　天
chūn tiān
spring

# باھار كەلدى

باھار كەلدى،
كۈلۈپ كەلدى.
ئېرىقلارغا،
سۇلار كەلدى.

باھاركەلدى،
گۈزەل كەلدى.
دەرەخلەرگە،
چېچەك بەردى.

باھار كەلدى،
تېتىك كەلدى.
كەڭ دالاغا،
مايسا تولدى.



- باھار پەسلىنى ياخشى كۆ-رەمسىز؟
- ئۇ قانداق پەسىل؟
- باھار پەسلىدە مەھەللە-ڭىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ؟



Scanned with CamScanner



باھار كەلدى،
ئىللىق كەلدى.
ۋىچىرلىشىپ،
قۇشلار كەلدى.

باھار كەلدى،
جانلىق كەلدى.
يەر - جاھانغا،
ھايات كەلدى.

باھار كەلدى،
بەخت كەلدى.
جىمى ئالەم،
كۈلۈپ كەلدى.

- كىچىك دوستلار باھار پەسلىدە قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ؟
- قايسى ئايلار باھار پەسلىگە كىرىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ياز كېلىپتۇ چىرايلىق

ياز كېلىپتۇ چىرايلىق،
گۈل ئېچىلدى چىرايلىق.
ھېسابلايمەن ئۆزۈمنى،
گۈللەردىنمۇ چىرايلىق.

ياز كېلىپتۇ چىرايلىق،
باغ ياساندى چىرايلىق.
باغلار تولدى مېۋىگە،
بىر-بىرىدىن چىرايلىق.




- يازنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- يازدا قانداق كىيىملەر كىيىلىدۇ؟
- يازدا ئەتراپىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى ھېس قىلالىدىڭىز؟



Scanned with CamScanner



# ياز
# 夏天
xià tiān
# summer

ياز كېلىپتۇ چىرايلىق،
تەبىئەت ھەم چىرايلىق.
قۇشلار بەس-بەس سايراشتى،
جەم بولۇشۇپ چىرايلىق.

ياز كېلىپتۇ چىرايلىق،
گۈل تېرىدۇق چىرايلىق.
گۈلگە تولغان باغلاردا،
بىز ھەممىدىن چىرايلىق.

- قانچىنچى ئايدىن باشلاپ ياز باشلىنىدۇ؟
- يازدا قايسى مېۋىلەر پىشىدۇ؟
- كىچىك دوستلار، يازدا قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللان-ماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۈز پەسلى



كۈز دېگەن نېمە؟
«كۆز» مېكىن دېمە!
كۈز دېگەن بىزگە،
بېرىدۇ مېۋە.



- كۈز پەسلى قايسى پەسىلنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ؟
- كۈزدە ئەتراپىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟
- كۈزدە دەرەخلەرنىڭ يوپۇر-مىقى قانداق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؟



Scanned with CamScanner

# كۈز

秋 天
qiū tiān
autumn

مول ھوسۇللۇقتۇر،
كۈز دېگەن پەسىل.
شۇڭا ھەممىتى،
ھەممىدىن ئېسىل.



ئالتۇن يوپۇرماق،
كۈزنىڭ كىيىمى.
ئېسىل نېمەتلەر،
كۈزنىڭ بەرگىنى.

- كۈز پەسلىنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- قايسى مېۋىلەر كۈزدە پىشىدۇ؟
- نېمە ئۈچۈن كۈز پەسلىنى «ئالتۇن پەسىل»، «مول ھوسۇللۇق پەسىل» دەيمىز؟



Scanned with CamScanner

# قىش كېلىپتۇ





سىڭلىم، سىڭلىم بىلەمسىز،
قىش كېلىپتۇ، كېلىپتۇ.
قاراپ بېقىڭ ھەممە يەر،
ئاپئاق جۇۋا كىيىپتۇ.

قارلىغاچلار، قۇشقاچلار،
ئىسسىق ياققا كېتىپتۇ.
ھايۋانلارمۇ تۈگۈلۈپ،
ئۇۋىسىدا يېتىپتۇ.



قىش

冬 天


dōng tiān

winter



- قىش پەسلى قايسى پەسلىنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ؟
- قىش پەسلىدە تەبىئەت قانداق كىيىم كىيىدۇ، سىزچۇ؟
- قىشتا قۇشلار قەيەرگە كېتىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟






## پەلەي، قولقاپ

手 套
shǒu tào

gloves

ھەدىڭىزمۇ بېشىغا،
ئىسسىق بۆكنى كىيىپتۇ.
شارپا ئوراپ بوينىغا،
قىلىن پەلەي كىيىپتۇ.

پۇتلىرىغا قاتمۇقات،
پايپاقلارنى كىيىپتۇ.
شۇنداقتىمۇ سوغۇقتا،
پۇتى توڭۇپ كېتىپتۇ.



● قىشنى ياخشى كۆرەمسىز،
نېمە ئۈچۈن؟
● قىشتا پەلەي كىيمەي، ئاغ-
زىنى ئەتمەي سىرتتا چىقسا
قانداق بولىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسمان
天 空
tiān kōng
sky

# ئاسمان قانداقتۇ؟

يەرنى توپقا ئوخشىتىپ،
ئاكام دەيدۇ يەر شارى.
ئاسمان قانداق ئەمىسە؟
بولامدۇ ئاسمان شارى؟



ئېچىپ قالدى ئاغزىنى،
بۇ سوئالغا ئاكامۇ.
چىمچىقلىتىپ كۆزىنى،
بېرەلمىدى جاۋابمۇ.

ئاسمان قانداق بولغىيتتى؟
ئۈستىمىزگە چۈشەرمۇ؟
ھەممىمىزنى بىراقلا،
بۇلۇتلارغا كۆمەرمۇ؟



- تۇرغۇن دائىم ئاسمان ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كەتسە قانداق قىلىمىز دەپ ئەنسىرەيدىكەن. ئاكىسىمۇ شۇنداق ئويلايدىكەن.
- سىزدە ئاسمان توغرۇلۇق قانداق خىياللار بولغان؟



Scanned with CamScanner



# قۇياشقا سۆز





ئۇزۇن بولدى ئاسماندا،
كۆرمىدىم قۇياش.
توختىماستىن بۇلۇتلار،
تۆكىدىغۇ ياش.

قۇياش بىلەن ئۇزاقتىن،
بولغانمىز ئاداش.
ئايرىلمىغان كەچكىچە،
كۆڭلىمىز تۇتاش.

نېمە بولدى قۇياشقا،
كۆرسەتمىدى يۈزىنى.
رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ،
قىسىۋالدى كۆزىنى.



قۇياش
太 阳
tài yáng
sun



- قۇياش نېمىشقا سۇبھىنۇر-
غا قاراپ كۆزىنى قىسىۋالىدۇ؟
- سىز قۇياش بىلەن ئاي-
رىلماسقا ئاداش بولۇپ باققانمۇ؟
- قۇياش قانداق چاغدا چىقىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىز ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئاي
月亮
yuè liàng
moon

# ھەيرانمەن ئايغا

ئاي بەزىدە كىچىسى ،
پەيدا بولار ئاسماندا؟
كۈندۈزىمۇ ئاي چىقسا،
مەن قالىمەن ھەيراندا!

تولۇنىمۇ ئاي دەيدۇ،
ھىلالنىمۇ ئاي دەيدۇ.
نېمىشقا شۇنداق دېسەم،
بۇنى ھەدەم بىلمەيدۇ.



● نىگارە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاسمانغا قاراپ، ھەدە، ئاينىڭ يېرىمى يوققۇ، دەپ سوراپتۇ؟ ھەدىسى: بۇ ئاي تېخى چوڭ بولماپتۇ، دەپتۇ.

● كىچىك دوست، ئاي قاچانغىچە چوڭ بولىدۇ؟



Scanned with CamScanner





**يۇلتۇز**

星星

xīng xīng

**star**







# نەگە قاچىسەن؟

يۇلتۇز سېنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟
بېرىپ ئويناپ كېلەي دېگەنتىم.
يۇمىلاقمۇ، ئۈچ بۇلۇڭمۇ سەن،
ئۆز كۆزۈمدە كۆرەي دېگەنتىم.

ئۇخلاي دېسەم كۆز چىمچىقلىتىپ،
دېرىزەمدىن ماراپ باقىسەن.
ئويناي دېسەم مۆكۈنۈۋېلىپ،
كۈندۈزلىرى نەگە قاچىسەن؟

دوست بولايلى دەپ يۈرۈپتىمىش،
دوستلىرىمنىڭ كۆپى سەن بىلەن.
شۇلار ساڭا ياراپ قالدىمۇ؟
دوست بولمامسەن ياكى مەن بىلەن؟

- نۇرغۇن دوستلار يۇلتۇز-نىڭ شەكلىنى قانداقتۇ دەپ ئويلايدىكەن. سىزچە يۇلتۇز يۇ-مىلاقمۇ ؟
- كۈندۈزى ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قار
雪
xuě
snow

# ئاپئاق قارلار

بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن،
ئاپئاق قارلارنى.
قار دۆۋىلەپ «قار بوۋاي»،
ياساپ ئويناشنى.

ئاپام مېنى سوغۇق دەپ،
ھېچ چىقارمايدۇ.
دېرىزىدىن قارا دەپ،
ئۆيگە سولايدۇ.

قار نېمىشقا يازلاردا،
ياغمايدىغانسەن؟
بىز باللار ھالىغا،
باقمايدىغانسەن؟



- «قار بوۋاي» دېگەن نېمە، سىز قار بوۋاي ياساپ ئويناپ باققانمۇ، ئۇنىڭ قانداق ئويۇنلۇقىنى بىلەمسىز؟
- قار نېمىشقا يازدا ياغمايدۇ؟



Scanned with CamScanner

# يامغۇر ياغدى



يامغۇر ياغدى، بەك ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
يوپۇرماقلار يۇيۇنۇپ،
پارقىراپ كەتتى.

بۇنى كۆرۈپ تالاغا،
چىققۇم كەپ كەتتى.
پىچچىق- پىچچىق پاتقاقنى،
كەچكۇم كەپ كەتتى.

ئاستا ئېچىپ ئىشىكنى،
تالاغا قاچتىم.
ئالمايتىمەن كۇنلۇكنى،
چۆپ-چۆپ بوپ كەتتىم.

ئۆيگە كىرسەم ئاپامدىن،
دەككەمنى يەيمەن.
ئەجەب قورقتۇم، دادامغا،
نېمىمۇ دەرمەن؟



- گۇلدانە يامغۇر ياغقاندا سىرتقا چىقىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئاتا-ئانىسى بۇنىڭغا قوشۇلمايدىكەن؟
- كىچىك دوست، سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

يامغۇر
雨
yǔ
rain



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەكتەپكە باراي

ئاپئاق ھەدە ئېيتقىنا،
مەكتەپ دېگەن قانداق جاي؟
سومكا ئېسىپ سىنىڭدەك،
مەكتىپىڭگە تەڭ باراي.

ئاداشلىرىڭ كۆپ ئىكەن،
مەنمۇ ئاداشلىق بولاي.
ئاشۇ ئاداشلىرىڭدەك،
«مەكتەپ بالىسى» بولاي.

مەكتەپ
学 校
xué xiào
sckool



سىنىپ
教 室
jiào shì
classroom

ئايقۇت ھەدىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلار كىيىمنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. دائىم، «مەنمۇ مەكتەپ كىيىم كىيەتتىم» دەيدىكەن. «مەكتەپ كىيىم» كىيىپ نەگە بارىسىز دىسە، سىزگە ئوخشاش مەكتەپكە بارىمەن دەپتۇ.



Scanned with CamScanner



# مەن يەسلىنىڭ بالىسى



مەن يەسلىنىڭ بالىسى،
بالىلارنىڭ ياخشىسى.
يەسلىمىزدە ياڭرايدۇ،
ئاداشلارنىڭ ناخشىسى.

مەن يەسلىنىڭ بالىسى.
سىزمۇ يەسلى بالىسى.
بەك كۆڭۈللۈك ئوينايمىز،
ئاداشلارنىڭ ھەممىسى.



بالىلار باغچىسى، يەسلى

托儿所

tuō ér suǒ

nursery school

- قەمىرە كۈندە يەسلىگە بارمايمەن دەپ يىغلايدىكەن.
- سىز يەسلىگە بېرىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com









مەن يەسلىنىڭ بالىسى،
سىزمۇ يەسلى بالىسى.
مۇئەللىم بەك كۆيۈمچان،
ھەممىمىزنىڭ ئانىسى.



سىزمۇ كېلىڭ ئادىشىم،
بولۇڭ يەسلى بالىسى.
يەسلى دېگەن بەك ئىللىق،
بالىلار ئائىلىسى.

- يەسلىدە كىملەر بار؟
- يەسلىدە كىچىك دوستلار قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇ-غۇللىنىدۇ؟



Scanned with CamScanner



# نان بەك ئۇلۇغ

نان

馕

náng

nang



ئاداش ـ ئاداش بولايلى ،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
مومام دەيدۇ نان ئۇلۇغ،
شۇڭا زايە قىلمايلى.

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
بوۋام دەيدۇ نان ئۇلۇغ،
شۇڭا دەسسەپ سالمايلى.





ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
نان ئۇلۇغ ، نان بەك ئۇلۇغ،
بىلمىگەنلەرگە دەيلى!



- نانىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز ؟
- سىز نانىنى ئۇۋۇتۇۋەتكەندە ئاپىڭىز نېمىشقا تېرىۋالىدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن نان ئۇلۇغ دېيىلىدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەتلەس كۆڭلەك

ئۇزۇن كۆڭلەك

连衣裙

lián yī qún

shirt



چىمەن دوپپا كىيدىم مەن،
ئەتلەس كۆڭلەك كىيدىم مەن.
ئۇششاق ئۆرۈپ چېچىمنى،
ئۇيغۇر قىزى بولدۇم مەن.

تاپالامسىز جاھاندىن،
مەندەك چىرايلىق قىزنى.
كېپىنەكمۇ خىجىل بوپ،
ئېلىپ قاچتى ئۆزىنى.

كېپىنەك قىز دېيىشەر،
ھەممە قاراپ كۈلۈشەر.
مەيىن شامال چېچىمنى،
كۆڭلىكىمنى سۆيۈشەر.



- ئەتلەس كۆڭلەك چىرايلىقمۇ ؟
- سىزنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىڭىز بارمۇ ؟
- ئەتلەس كۆڭلەك كىيسىڭىز خۇش بولامسىز ؟



Scanned with CamScanner

سومكا

书 包

shū bāo

bag

# سومكام بار

كۆرگەن چۇشۇم بەك تاتلىق،
سومكا ئېسىپ ماڭدىم مەن.
خۇددى ئاكامغا ئوخشاش،
«مەكتەپ كىيىم» كىيدىم مەن.

سومكامدا بار كىتابلار،
قاپچۇقۇمۇ شاراقلار.
گالىستۇكۇمنى شامال،
دەپتىرىدەك ۋاراقلار.

خۇشال-خۇرام باللار،
مەكتەپكە مېڭىشار.
سومكا ئاسقان ماڭىمۇ،
ھەۋەس بىلەن قارىشار.



- سومكا ئېسىپ مەكتەپكە بېرىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟
- بۇ بالىمۇ ئوقۇغۇچىلار كىيىمىنى «مەكتەپ كىيىم» دەپ ئاتاپتۇ. سىز ئاكىڭىزنىڭ «مەكتەپ كىيىم» ىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىم
老师
lǎo shī
teacher



# مۇئەللىم



قولىمىزدىن يېتىلەپ،
ئەپ كىرىدۇ سىنىپقا.
تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ.
نۇرغۇن-نۇرغۇن ئاداشقا.

ئىسمى ئۇنىڭ مۇئەللىم،
يەسلىدىكى ئانىمىز.
ھەمراھ بولغاچ كەچكىچە،
خۇشال ئۆتەر كۈنىمىز.



بالىسىدەك كۆيۈنۈپ،
بېشىمىزنى سىلايدۇ.
ئۆز بالىسىدەك بىزنى،
باغاشلايدۇ، ئاسرايدۇ.

- مۇئەللىم كىم، مۇئەللىمىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- يەسلىدە نەچچە مۇئەللىمىڭىز بار؟
- مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن يەنە شۇ مۇئەللىم ئوقۇتامدۇ؟

تىراكتور
拖拉机
tuō lā jī
tractor

دېھقان
农民
nóng mín
farmer

# تىراكتورچى بولاي

تات - تاتلىسا تىراكتور،
ئويناپ كېتەر يۈرىكىم.
تۇتۇپ باقسام رولىنى،
سەكرەپ كېتەر يۈرىكىم.

مەن ھەيدىسەم تىراكتور،
ئېتىزلاردا تا - تا - تات.
دېھقان بوۋام ئىشىمۇ،
بولماس ئىدى قاتمۇقات!

بوۋام قېرىپ كەتمىسۇن،
مەن چاققانراق چوڭ بولاي.
ئىشچان دېھقان بالىسى،
تىراكتورچى مەن بولاي.



- تىراكتور قانداق نەرسە؟
- مۇزەپپەرنىڭ بوۋىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟
- مۇزەپپەر نېمە ئۈچۈن چوڭ بولغاندا تىراكتور ھەيدەيمەن، دەيدۇ؟
- بوۋىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئۇچماق | ئايروپىلان |
| 飞 | 飞机 |
| fēi | fēi jī |
| fly | plane |



# ئۇچتۇڭ قانداق؟



ئايروپىلانلار ئۇچقاندا،
بۇلۇتلار پەستە قاپتۇ.
يول بارمىكىن ئاسماندا،
نىشانىنى ئاداشماپتۇ.

ھەيران قالدىم ئۇنىڭغا،
بۈركۈتتەك قانات ساپتۇ.
زادى كىملەر مۇشۇنداق،
«تۆمۈرقۇش» نى ياساپتۇ؟



ئايروپىلان ئېيتقىنا،
ئاسماندا ئۇچتۇڭ قانداق؟
بىلىۋېلىپ سىرىڭنى،
ئۇچۇپ باقاي مەن شۇنداق.

- ئاسماندا ئايروپىلاننىڭ يولى بارمۇ؟
- ئايروپىلان ھەيدەيدىغانلارنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟
- ئۇچقۇچى بولغۇڭىز بارمۇ؟



Scanned with CamScanner




# پويىز

پويىز
火 车
huǒ chē
train

ماي يەيدىغان «جانىۋار»،
تېشى تۆمۈر قاپلاقلىق.
خويمۇ ئۇزۇن گەۋدىسى،
تۆمۈر يولغا «باغلاقلىق».

ۋاگون
车 厢
chē xiāng
railroad car

پويىز دېگەن مانا شۇ،
تاق-تاق تاق -تاق ماڭىدۇ.
يېتىپ بارسا نىشانغا،
قۇيرۇقىدا ياندۇ.



- يۇرتۇڭلارغا پويىز قاتنامدۇ؟
- سىز پويىزغا چىقىپ باققانمۇ؟
- پويىز نېمىشقا تۆمۈريولدا ماڭىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پاراخوت
轮 船
lún chuán
ship

دېڭىز ئارمىيەسى
海 军
hǎi jūn
seaman



# ئەي پاراخوت

تېلېۋىزور ئىچىدە،
كۆرۈپ قالدىم پاراخوت.
سۇغا چۆكۈپ كەتمەستىن،
ئۈزەر ئىكەن پاراخوت.

ئەي پاراخوت، پاراخوت،
ماڭالامسەن قۇملۇقتا؟
ئېرىقلارغا پاتامسەن؟
سەن قانچىلىك چوڭلۇقتا؟



- سىز پاراخوتنى كۆرگەنمۇ؟
- پاراخوت نەدە ماڭىدۇ؟
- سىلەر تۇرغان يەردە پاراخوت بارمۇ، نېمە ئۈچۈن؟



Scanned with CamScanner




# ئاپتوبۇسقا چىقىمەن

ئاپام بىلەن دائىما،
ئاپتوبۇسقا چىقىمەن.
قوچىقىدا ئاپامنىڭ،
جىممىدە ئولتۇرىمەن.

مەنمۇ ئايرىم ئورۇندا،
ئولتۇرىمەن دېمەيمەن.
ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە،
ئويان - بۇيان يۈگۈرمەيمەن.

ئاپتوبۇسلار شۇڭلاشقا،
بىزنى ياخشى كۆرىدۇ.
كۈندە نەچچە چىقسامۇ،
زېرىكمەي ئەپ يۈرىدۇ.





ئاپتوبۇس
公 交 车
gōngjiāochē
bus



- ئاپتوبۇسقا چىققاندا ئايرىم ئورۇندا ئولتۇرىمەن دېمىگەنسىز؟
- ئاپتوبۇستا ئاپىسىنى خاپا قىلغان ئاشۇنداق بالىلارنى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟
- ئۇنداق بالىلارنى باشقىلار ياخشى كۆرەمدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ھەيدەپ باقسام...

ھەدەم بىلەن ئىككىمىز،
كىچىك پىكاپ ھەيدىدۇق.
چۆرگۈلتىپ ھەريانغا،
خېلىغىچە ھارمىدۇق.

ھەدەم مېنى كىچىك دەپ،
رولنى پەقەت بەرمەيدۇ.
ماشىنىمۇ كىچىككۇ،
ھەيدەپ باقسام بولمامدۇ؟




ئۆزى ئويناش ئۇچۇنلا،
مېنى كىچىك دەيدىغۇ.
مەكتەپكىمۇ كىرمىدى،
چوڭ ئەمەسقۇ ھەدەممۇ؟

ئاپتوموبىل، ماشىنا
汽车
qì chē
jeep car

- سىز باغچىلارغا كىرگەندە كىچىك ماشىنا ھەيدەيمەن دەپ غەلۋە قىلامسىز؟
- چوڭلار بىلەن تالىشىش بەكمۇ قاملاشمىغان ئىش. ئۇنداق جېدەلخور بالىلارنى ھەدىسى تۇڭگۇل باشقىلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

گىلوبۇس

地 球仪

dì qiú yí

globe






# گىلوبۇستىن ئىزدەيمەن

دادام ماڭا بازاردىن،
ئېلىپ بەردى گىلوبۇس.
مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ،
بولۇپ قالدىم يېقىن دوست.

گىلوبۇستىن سىنچىلاپ،
يۇرتىمىزنى ئىزدەيمەن.
بەك كۆڭۈللۈك، سۆيۈملۈك.
باغچىمىزنى ئىزدەيمەن.

يۇرتىمىزنىڭ بەك ئېگىز،
تاغلىرىنى ئىزدەيمەن.
ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆللىرى،
دەرياسىنى ئىزدەيمەن.



- گىلوبۇس قانداق نەرسە؟
- ئۆيىڭىزدە كىچىك گىلو-
بۇسىڭىز بارمۇ؟
- گىلوبۇستىن يۇرتىڭىزنى
كۆرگىلى بولامدۇ؟
- ئانا ۋەتەننىچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كومپيۇتېر

كومپيۇتېر قىزىقكەن،
دۇنيا باركەن ئىچىدە.
مىدىرلىسا چاشقانچاق،
بىلىم بېرەر كىشىگە.



كومپيۇتېر ئالدىدا،
ئولتۇرمايلى بەك ئۇزاق.
كۆزلەر كاردىن چىقىدۇ،
ئۇنى ئۇزاق ئوينىساق.





كومپيۇتېر
电脑
diàn nǎo
computer

كومپيۇتېر ئويناش بالىلار-
غا خاس بولمىغان ئىش. ئۇنداق
بولغاندا كىچىك تۇرۇپلا كۆزىمىزنى
كاردىن چىقىرىمىز. شۇڭا، ئوماق
بالىلىرىم، كومپيۇتېرغا ئېسىلماڭلار. سىلەر
چوڭ بولغاندا چوقۇم كومپيۇتېر بىلەن يې-
قىن دوست بولىسىلەر.



Scanned with CamScanner


ماشىنا ئادەم

机器人

jī qì rén

robot

# ماشىنا ئادەم




ماشىنا ئادەم،
ماشىنا ئادەم.
ماڭىدۇ ئاستا،
قەدەممۇ قەدەم.

سۆزلەيدۇ ماڭا،
ماشىنا ئادەم.
ئويۇن ئوينىساق،
بولاي مەن ھەمدەم.

ھەيران مەن ساڭا،
ماشىنا ئادەم.
تاماق يېمەيسەن،
سەن قانداق ئادەم.

بولغۇم بار مېنىڭ،
ماشىنا ئادەم.
سېنىڭدەك ئىشلەي،
دەم ئالغىن بىردەم.



- ماشىنا ئادەم قانداق ئادەم؟
- ئۇ گەپ قىلالامدۇ؟
- ماشىنا ئادەم تاماق يەمدۇ؟
- سىز ماشىنا ئادەمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟




Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دوختۇر
医 生
yī shēng
Doctor







# ئوكۇل ئۇرماڭ

دوختۇر ماڭا قارىماڭ،
مەن ئوكۇلدىن قورقىمەن.
قېلىن كىيىپ كىيىمنى،
ئەمدى «ئۆھۆ» دېمەيمەن.



مۇزقايماق ھەم چوكىمۇز،
كەمپۈتلەرنى يېمەيمەن.
تامىقىمنى ئوبدان يەپ،
ئاپا پۇل بەر دېمەيمەن.

● رۇفىنە مۇزقايماق يەپ
يۆتىلىپ قاپتۇ. ئاپىسى دوخ-
تۇرغا ئاپىرىپتىكەن، ئۇ يىغلاپ: دوخ-
تۇر، ئوكۇل ئۇرماڭ، ئەمدى مۇز-
قايماق يېمەيمەن، دەپتۇ.
● ئەگەر ئوكۇلدىن قورقسىڭىز،
مۇزقايماق، چوكىمۇزغا قول ئۇزاتماڭ.



Scanned with CamScanner







# توپ ئوينايلى



توپ ئوينايلى ئاداشلار،
بىزلەر توپچى بالىلار.
بىزنىڭ توپ مەيدانىمىز،
تۇپتۇز سايلىق، دالىلار.




توپ ئوينىساق بالىلار،
تېنىمىز بولۇر ساغلام.
كەلگۈسىدە دەيمىزغۇ،
ئولىمپىكقا ئەسسالام.

پۇتبول

足球

zú qiú

football



- توپ ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- توپنى قانداق يەردە ئويناش كېرەك؟
- مەھەللىڭىزدە توپ ئوينايدىغان يەر بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com














# توپ

球

qiú

ball

توپىمىزدىن تاپىمىز،
بوۋىمىزنىڭ روھىنى.
كىممۇ يامان كۆرىدۇ،
توپ ئوينىغان بالىنى؟



- توپنىڭ قانداق تۈرلىرىنى بىلىسىز؟
- ئۆيىڭىزدە توپ ئويناشقا ئامراقلار بارمۇ؟
- قايسى خىل توپ تۈرىگە قىزىقىسىز؟



Scanned with CamScanner



# سازەندە بولىمەن

ناخشا، مۇقام ئاڭلىغان،
ئوماق ئۇيغۇر قىزىمەن.
تەمبۇر، ساتار، راۋابنى،
خۇشتارلارنى بىلىمەن.




لېگەن ئېلىپ قولۇمغا،
داپ ئورنىدا چالىمەن.
دۇم كۆمتۈرۈپ چىنىنى،
ناغرا قىلىپ ئۇرىمەن.

ئىسكىرىپكا
小提琴
xiǎo tí qín
violin

مۇزىكا
音乐
yīn yuè
music





- ساز چېلىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- قايسى سازنى ئۆگىنىشنى ئويلاۋاتىسىز؟
- ئۇيغۇر سازلىرىدىن قايسىنى بىلىسىز؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





| | |
|---|---|
| ناخشىچى | گىتار |
| 歌手 | 吉他琴 |
| gē shǒu | jí tā qín |
| singer | guitar |

تۇيدۇرماستىن دادامنىڭ،
دۇتارىنى ئالىمەن.
بىلمىسەممۇ پەدىنى،
تىرىشىپ باقىمەن.

نېرى بولماي دۇتاردىن،
زېرىكمەستىن چالىمەن.
ئارزۇيۇم شۇ خەلقىنىڭ،
سازەندىسى بولىمەن.



# ناخشا ئېيتىماق
# 唱歌
chàng gē

sing

- ئۆيىڭىزدە يۇقىرىقى سازلارنىڭ قايسىسى بار؟
- مۇقام دېگەن نېمە؟
- ناخشا ئېيتالامسىز؟



Scanned with CamScanner



红绿灯
hóng lǜ dēng

traffic light

قىزىل-يېشىل چىراغ،
قاتناش چىرىغى

# نېمە دەيدۇ؟





قىزىل چىراغ كوچىدا،
كۆز قىسىدۇ لىپىلداپ.
قىزىل چىراغ يانغاندا،
يولدىن ئۆتمەك دىكىلداپ.



مىنۇت ساقلاپ تۇرسىڭىز،
يېشىل چىراغ يانىدۇ.
قىزىل چىراغ ئۆچسىلا،
پىيادىلەر ماڭىدۇ.



بالا-قازا كۆرۈنمەي،
كېلەر گاھى بىلىنمەي.
ئەڭ ياخشىسى كۆۋرۈكتىن،
ئۆتۈڭ دوستۇم ئېرىنمەي.

- يولدىن ئۆتكەندە نېمىگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
- قاتناش چىرىغى نەچچە خىل رەڭ؟
- يېشىل چىراغ يانغاندا ماڭساق بولامدۇ؟ قىزىل چىراغ يانغاندىچۇ؟



Scanned with CamScanner